يەلكەن چىقىرىپ، دولقۇن يېرىپ قايتا ئاتلىنىش

ـــ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتقانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

(بېشى 2 ـ بەتتە)

«بىر نىشان»نى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى ـــ ئاپپارات فۇنكسىيەسىنى تېخىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، ھوقۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى تېخىمۇ ماسلاشتۇرۇپ، يۈرۈشۈشنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قىلىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشتا ئالغا قاراپ زور بىر قەدەم تاشلاندى.

بۇ قېتىمقى ئاپپارات ئىسلاھاتىدا، مۇناسىۋەتلىك جايلاردىكى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئاساسىدا، «بىر يىرىك پىلان، بىر ئۇلۇغۋار پىلان» ئومۇمىي تەپەككۇرى بويىچە، ئوخشاش بولمىغان تارماقلار ئۈستىگە ئالغان سۇبيېكت فۇنكسىيەلىك رايون يىرىك پىلانى، شەھەر ـ يېزا يىرىك پىلانى، يەردىن پايدىلىنىش يىرىك پىلانى، دېڭىز ئوكيان سۇبيېكت فۇنكسىيەلىك رايون يىرىك پىلانى قاتارلىقلار بىرلەشتۈرۈلۈپ، بىرلىككە كەلگەن دۆلەت زېمىن بوشلۇقى يىرىك پىلانى قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ زېمىن بوشلۇقىنى ئېچىش، قوغداشنىڭ «بىر پارچە خەرىتىسى» شەكىللەندۈرۈلۈپ، «كۆپ خىل يىرىك پىلاننى بىرىكتۈرۈش» ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ھەربىر سۇڭ دۆلەت زېمىنى ئېنىق، چۈشىنىشلىك پىلانلاندى.

يېڭىدىن تەشكىللەنگەن ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مىنىستىرلىقى ئەسلىدىكى يەتتە تارماقنىڭ ئالاقىدار ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، يەر ئۈستى بىلەن يەر ئاستى، قىرغاق بىلەن سۇ ئىچى، قۇرۇقلۇق بىلەن دېڭىز ـ ئوكيان، شەھەر بىلەن يېزا، كاربون چالا ئوكسىدى بىلەن كاربون (Ⅳ) ئوكسىددىن ئىبارەت «بەشنى راۋانلاشتۇرۇش»نى ئىشقا ئاشۇردى، ھەممىدە بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش بىلەن ئېكولوگىيەنى قوغداشنى ئۆزئارا تۇتاشتۇردى. «مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى سۇغا، دېڭىزغا چۈشمەسلىك»، «سۇچىلىق تارماقلىرى قىرغاققا چىقماسلىق»، «دېڭىز ـ ئوكيان تارماقلىرى قۇرۇقلۇققا چىقماسلىق»تەك پارچىلىنىپ كەتكەن ئىش تەقسىماتى ئەندىزىسى ئۆزۈل ـ كېسىل بۇزۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى ئىزچىل قىلىشنى ئويلاپ كەلگەن، لېكىن باشتىن ـ ئاخىر قىلىنمىغان دېڭىز، دەرياغا قويۇلىدىغان بۇلغىما چىقىرىش ئېغىزلىرىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلاش خىزمىتىدە مۇھىم ئىلگىرىلەش بولدى، مەسىلەن، بوخەي دېڭىزى ۋە چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىدىكى بۇلغىما چىقىرىش ئېغىزلىرىنى ئېنىقلاپ تەكشۈرۈش ـ تۈزەشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن بۇلغىما چىقىرىش ئېغىزى سانى ئىلگىرىكى مۇھىت ئاسراش تارماقلىرى ئىگىلىگەن ئەھۋالدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ، ئىسلاھاتنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى تولۇق نامايان قىلىندى.

ساقچى دېگەن ساقچى، ھۆكۈمەت دېگەن ھۆكۈمەت، كارخانا دېگەن كارخانا پرىنسىپى بويىچە، ساھە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى تەڭشەلدى، مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، تۆمۈريول جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى، قاتناش ـ ترانسپورت مىنىستىرلىقى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ۋە چاڭجياڭ دەرياسى سۇ ترانسپورتى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، ئورمان جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىپ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، جۇڭگو دۆلەت تۆمۈريول گۇرۇھى، قاتناش ـ ترانسپورت مىنىستىرلىقى، دۆلەت ئورمانچىلىق ـ ئوتلاق ئىدارىسى رەھبەرلىك قىلىپ باشقۇرمايدىغان بولدى. خەلق ئاۋىياتسىيەسى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ۋە تاموژنا ئەتكەسچىلەرنى تۇتۇش ئورگىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى ۋە جۇڭگو خەلق ئاۋىياتسىيە ئىدارىسى، تاموژنا باش مەھكىمىسىنىڭ قوش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاساس قىلىدۇ.

يېقىندا رەئىس شى جىنپىڭ 20 دۆلەت گۇرۇھى دابەن باشلىقلار يىغىنىغا قاتناشقان مەزگىلدە، مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى پىلانلىغان بىر قاتار ياپون تىلى سىن پروگراممىلىرى ياپونىيەدىكى ئاساسىي ئېقىم تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدا كۆرسىتىلدى، «يېقىشلىق ‹سۆزلەر› ـــ شى جىنپىڭ ياقتۇرغان ئۆرنەكلەر»نىڭ ياپون تىلىدىكى نۇسخىسىمۇ تۇنجى قېتىم ياپونىيە تاماشىبىنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ياخشى تارقىتىش ئۈنۈمىگە ئېرىشتى.

مەركىزىي رادىيو ـ تېلېۋىزىيە باش ئىستانسىسى بىرىكتۈرۈپ تەشكىللەنگەندىن بۇيان، ئۈچ ئىستانسا ئۆزئارا چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇپ، ئەۋزەللىكلەر بىلەن ئۆزئارا تولۇقلاپ، بايلىقتىن ئورتاق بەھرىلىنىپ، «1+1+1>3»تىن ئىبارەت «خىمىيەلىك رېئاكسىيە»نى پەيدا قىلىپ، يېڭى ئىدىيەنىڭ ئادەتتىكى پۇقرالار ئائىلىلىرىگە تېز كىرىشىگە تېخىمۇ ياخشى تۈرتكە بولۇپ، دۇنياغا جۇڭگو ھېكايىسىنى سۆزلەش، جۇڭگو ئاۋازىنى تارقىتىش ئىقتىدارىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇردى.

بۇ قېتىمقى ئاپپارات ئىسلاھاتىدا ئورگان ئارقا سەپ مۇلازىمەت كاپالىتى ئۇسۇلىدا بىر قىسىم ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىلدى، يېڭىلىق يارىتىلدى، يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىشلىرى مىنىستىرلىقى، دۆلەت داۋالىنىش كاپالىتى ئىدارىسى، دۆلەت خەلقئارا تەرەققىيات ھەمكارلىق مەھكىمىسى قاتارلىق تارماقلار ئايرىم ئارقا سەپ مۇلازىمەت ئورگىنى تەسىس قىلماي، بەلكى دۆلەت ئورگان ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى تۈرلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۆلچەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، خىراجەتنى سىستېما بويىچە باشقۇرۇش، بايلىقتىن ئورتاق بەھرىلىنىش پرىنسىپى بويىچە، ئىشخانا قىلىنىدىغان ئۆيلەرنى رېمونت قىلىش، مۈلۈك باشقۇرۇش، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئاپتوموبىل ئىشلىتىش مۇلازىمىتى، ئىشخانا ئەسلىھەلىرىنى سەپلەشتىن ئىبارەت تۆت چوڭ تىپ، 16 ئىش تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئارقا سەپ مۇلازىمىتى بىلەن بىرتۇتاش تەمىنلەپ، ھەم ئورگان خادىملىرىنى ئىخچاملاپ، مەمۇرىي بايلىقنى تېجىدى، ھەم مۇلازىمەت تىپلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى.

«بىر يۆنىلىش» تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈلدى ـــ خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەتى تېخىمۇ ياخشى قوغدىلىپ، تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجى، ئاساسىي قاتلامنىڭ تەقەززاسى، ئەلنىڭ ئارزۇسى دەل جايىدا ئۇدۇللاشتۇرۇلدى.

«دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تۈپ تەدبىردە خەلققە نەپ يەتكۈزۈش ئاساس.» بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتتا، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجى زىچ چۆرىدەلىپ، ۋەزىپە ياخشى ئادا قىلىنىپ، مەسئۇلىيەت تولۇق ياخشى ئادا قىلىنىپ، مائارىپ ـ مەدەنىيەت، بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، سەھىيە ـ ساغلاملىق، داۋالىنىش كاپالىتى، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر مۇلازىمىتى، كۆچمەنلەرنى باشقۇرۇش مۇلازىمىتى قاتارلىق خەلق ئاممىسى ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلىدىغان ساھەلەردە ئاپپاراتلارنى تەڭشەش ۋە ئەلالاشتۇرۇش سالمىقى زورايتىلدى.

«بۇ شەرەپ تاختىسى ماڭا بىزنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك كىشى ئىكەنلىكىمىزنى، شۇنداقلا ئەڭ شەرەپلىك كىشى ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلدۇردى.» يېقىندا گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىشلىرى نازارىتى 85 ياشلىق ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىي خۇاڭ زۇنەندىن كەلگەن بىر پارچە رەھمەت خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى.

بوۋايىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن ئۈچ ئەۋلاد كىشى ھەربىي بولغان. ھەر دەرىجىلىك ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر ئىشلىرى ئاپپاراتلىرىنىڭ يېڭىدىن تەشكىل قىلىنىشى بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىگە ئوخشاش 34 مىليون ئائىلىگە شەرەپ تاختىسى ئېسىلدى، 39 مىليون ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىي ۋە باشقا نەپىقە ئوبيېكتلىرىنىڭ سالاھىيىتى بېكىتىلدى ۋە ئۇچۇرى توپلاندى، ھەربىيلىكتىن كەسىپ ئالماشقان 82 مىڭ كادىر، ئارمىيەدىن چېكىنگەن 400 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنىڭ شەرەپ تۇيغۇسى، ئېرىشىش تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز قوزغىتىلدى.

جېجياڭ ئۆلكىسى ماھىرلىق بىلەن ناھىيە، يېزا تارماقلىرى، ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىپ، تەرتىپنى قايتا شەكىللەندۈرۈشنى ئالغا سىلجىتتى، قانۇن ئىجراسىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى تۆۋەنگە يۆتكەشنى ئالغا سىلجىتتى، ئۆلكە دەرىجىلىكتە دېڭىز ئوكيان بېلىقچىلىقى، دورىگەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى ئالاھىدە قانۇن ئىجراسى قوشۇنى ساقلاپ قېلىنغاندىن سىرت، باشقا مەمۇرىي قانۇن ئىجراسى فۇنكسىيەسىنى ئاساسلىقى شەھەر ـ ناھىيە ئۈستىگە ئالدى، 18 يېزا ـ بازار(كوچا) «بىر قوشۇن قانۇن ئىجراسىنى باشقۇرۇش»نى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، كۆرگەنلەر باشقۇرالماسلىق، باشقۇرۇش ھوقۇقى بارلار كۆرەلمەسلىك، شۇنداقلا كۆپ تەرەپ باشقۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

گۈيجوۇ ئۆلكىسى نامراتلارنى زور كۆلەمدە يۆلەش، چوڭ سانلىق مەلۇمات، چوڭ ئېكولوگىيە ئىستراتېگىيەسى مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئاپپارات تەسىس قىلىش، فۇنكسىيەنى تەقسىملەشنى كۈچەيتىپ ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئىجرا قىلىش كۈچلۈك، ئاددىي، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولغان مۇلازىمەت باشقۇرۇش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى.

ئاپپارات ئىسلاھاتى ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك ئاممىۋى مۇلازىمەتكە بولغان يېڭى ئېھتىياجى جاۋابقا ئېرىشتى، ئەڭ تەقەززا بولغان، ئەڭ ئالدىرىغان، ئەڭ ئەنسىرىگەن، ئەڭ ئاغرىنغان بىر قىسىم گەۋدىلىك مەسىلىلەر ھەل قىلىندى، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇشىدا تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلەندۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك تىكلەشنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۈزلۈكسىز قوزغىتىلدى.

لەنجوۇ يېڭى رايونىدا، 3 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنغان بىر تۈر پات يېقىندا رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. «تۈرنى تىزىملىتىپ رويخەتكە ئالدۇرۇشتىن پۈتكۈزۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرگىچە پەقەت بىر يىللا ۋاقىت كەتتى، بۇنى ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايتتى» دېدى شىركەت مەسئۇلى ھاياجانلانغان ھالدا.

بۇ قېتىمقى ئاپپارات ئىسلاھاتى ئارقىلىق، لەنجوۇ شەھىرى كۆپ تارماقنىڭ ئالاقىدار ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، مەمۇرىي ئىشلار مۇلازىمىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى تەشكىللەپ، خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش قانات يايدۇردى. قۇرۇلۇش قىلىش تۈرلىرىدە تەكشۈرۈپ تەستىقلاش كۆپ، ۋاقىت چەكلىمىسى ئۇزاق، تەرتىپ مۇرەككەپ بولۇشتەك «ئورتاق كېسەل»لىككە قارىتا، بارلىق تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈرلىرىدە ۋاقىت چەكلىمىسىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى قىسقارتتى.

بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ھەرقايسى جايلار ئاپپارات ئىسلاھاتىنى پۇرسەت بىلىپ، يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەمۇرىيەتنى ئىخچاملاپ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىپ، بېرىش، باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇرۇپ، «بىر تامغا بىلەن تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى باشقۇرۇش»نى يولغا قويۇپ، «بىر تور بىلەن ھەممىنى بېجىرىش» «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش»نى ئالغا سىلجىتىپ، خەلقنىڭ ساداسىغا ئىسلاھات ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇردى.

باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىش ئۈزلۈكسىز يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش

ئاپپارات ئىسلاھاتى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا چوڭقۇر ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئىسلاھات داۋامىدا نۇرغۇن قىممەتلىك تەجرىبىلەر توپلىنىپ، پارتىيەمىزنىڭ يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، داۋاملىق ھالدا ئۇلۇغ كۈرەش ئېلىپ بېرىش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش قىلىش، ئۇلۇغ ئىشنى ئالغا سىلجىتىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى بىر قاتار مۇھىم ئىلھام بىلەن تەمىنلىدى.

ئىسلاھاتنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە باتۇرلار غەلىبە قىلىدۇ.

كونىلىقتا ئېسىلىۋالغاندا چىقىش يولى بولمايدۇ، قورقۇپ ئالغا ئىلگىرىلىمىگەندە پۇرسەت قولدىن كېتىدۇ، بىردىنبىر ئامال تېخىمۇ زور قەتئىي ئىرادە ۋە جاسارەت بىلەن مەسىلىگە بىۋاسىتە يۈزلىنىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئالغا باسقاندىلا، ئاندىن ئىسلاھاتنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتقىلى، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى تەرەققىياتتا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت ياراتقىلى بولىدۇ.

پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۆزى ئۆزىدە قىلىنغان بىر مەيدان ئىنقىلاب.

قوزغىتىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئاساسىي رىتىمنى بەلگىلىدى: «پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ئىرىمچىككە تېگىش، مەنپەئەتكە چېقىلىش، شۇنداقلا ھەقىقىي ئەمەلىي ئىشلەش كېرەك، ئۆزىنى يېڭىلاشتەك جاسارەت ۋە قەلب بولۇشى توغرا كېلىدۇ».

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قوماندانلىقى، بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئىسلاھاتتا مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھوقۇق ۋە مەنپەئەتنى تەڭشەشتىن ئۆزىنى قاچۇرماي، تارماقلارنىڭ مەسئۇلىيەت مۇناسىۋىتىنى راۋانلاشتۇرۇشنى ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشى قىلىپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، ئاددىي ھالدا ياماپ تۈزەپلا قويماي، پوزىتسىيەدە تۇتۇق بولماي، ئۇزاقتىن بۇيان ساقلىنىۋاتقان ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت گىرەلىشىپ كېتىش مەسىلىسىنى قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ ھەل قىلىش كېرەك.

پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى سىستېمىلىق، بىر پۈتۈنلۈك، قايتا قۇرۇش خاراكتېرلىك ئىسلاھ قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، خۇددى باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسەتكەندەك: «دۇنيا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغان جۇڭگونىڭ سۈرئەتنى تېزلەتكەنلىكىنى كۆردى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرىدىغان جۇڭگو ئىرادىسىنى كۆردى».

ئوتتۇرا ئېقىننىڭ شىددەتلىك قايىنىمىدا، باتۇرلار جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە. قانچە جاپالىق، خەتەرلىك بولغانسېرى، «تاغدا يولۋاس بارلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ، يولۋاس بار تاغقا چىقىش»تەك جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تۈزۈلمە ـ مېخانىزم توسالغۇلىرىنى قەتئىي تۈگىتىپ، تەرەققىيات يېڭى مەنزىلىنى ئېچىش كېرەك.

ئىسلاھاتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى ئادەمدە.

ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلار، بولۇپمۇ «ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىق»لار ئىسلاھاتنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، باشلامچىلىق بىلەن ئىسلاھاتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات ئورتاق تونۇشنى ئەڭ زور دەرىجىدە مۇجەسسەملەپ، ئىسلاھاتقا پايدىلىق ياخشى كەيپىيات يارىتىپ، بۇ ئارقىلىق ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىتىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئەلرايى مۇقىم بولسا، ئىسلاھات ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، ئەلرايى مايىل بولسا، ئىسلاھات ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

گەرچە ۋاقىت قىس، زىددىيەت كۆپ، ۋەزىپە ئېغىر بولسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىمقى ئاپپارات ئىسلاھاتىدا قىسقىغىنا بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا تۈرلۈك ۋەزىپىلەر ئوڭۇشلۇق تاماملاندى، بۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتا شەكىللەنگەن ياخشى كەيپىياتتىن بولغان.

دۆلەت بېجى، يەرلىك باج سىستېمىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، يېرىمىغا يېقىن مەھكىمە، ئىدارە دەرىجىلىك ئاپپاراتلار ئىخچاملاندى، 22 مىڭدىن ئارتۇق رەھبىرىي كادىر «بىرىنچى قول»دىن «مۇئاۋىن»غا ئۆزگەرتىلدى.

«كەسكىن ئىدىيەۋى كۆرەشتە ھەققەتەن تاماق ئېغىزغا تېتىمايدىغان، كېچىسى ئۇخلىيالمايدىغان ئەھۋاللار بولدى، لېكىن ئىسلاھاتتا توختاپ قالغۇدەك، كۈتۈپ تۇرغۇدەك بوش ۋاقىت يوق، بىز دىققەت نەزەرىمىزنى ھازىرقى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيىتىمىز ئارقىلىق كۆڭلىمىزنى، كەيپىياتىمىزنى تىنىندۇردۇق...» سەنشى باج تارماقلىرىدىكى «بىرىنچى قولدىن مۇئاۋىنغا ئۆزگەرگەن» 13 كادىر، ئۆزىنىڭ «ۋاز كېچىش»ى ئارقىلىق ئىسلاھاتتىكى «ئېرىشىش»نى قولغا كەلتۈردى.

ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزغاندا، جەزمەن ئۇلۇغ ئىجتىمائىي ئىنقىلابتا يېڭى ۋەزىيەت ياراتقىلى بولىدۇ. سىياسىي ئۆلچەم ۋە سىياسىي تەلەپنى ئىسلاھاتنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئاڭ ۋە مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش ئارقىلىق، ئىسلاھات يېڭى روھنى يېتىلدۈرۈپ، ئىسلاھات چوڭ ۋەزىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش كېرەك.

ئىسلاھات يېڭىلىق يارىتىشتىن ئايرىلالمايدۇ.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسى، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلام، تېخىمۇ يۇقىرى نىشاندا ئالغا سىلجىتىشتا ئاساسلىنىدىغان تەجرىبە يوق، ئاساسلىنىدىغان ئەندىزە يوق، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق ياراتقاندىلا، ئىسلاھاتنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچقىلى بولىدۇ.

بۇ قېتىمقى ئاپپارات ئىسلاھاتىدا پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى بىرتۇتاش پىلانلاش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قاتار نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق يارىتىلدى، ھەم ئۇزاقتىن بۇيان ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم كونا مەسىلىلەر ھەل قىلىندى، ھەم ئاپپارات ئىسلاھاتىدا كۆرۈلگەن يېڭى مەسىلىلەر چوڭقۇر تەتقىق قىلىندى، ئىسلاھات داۋامىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش، ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلدى.

مەركەز قاتلىمىدىكى ئىسلاھات لايىھەسى ئاساسىي قاتلامنىڭ يېڭىلىق يارىتىشتىكى نۇرغۇن ئىزدىنىشنى قوبۇل قىلدى، يەرلىك ئاپپارات ئىسلاھاتى يەنە مەركەز قاتلىمىدىكى ئاپپارات ئىسلاھاتى ئۇسۇلى ۋە تەجرىبىلىرىنى تولۇق ئۆرنەك قىلىش ئاساسىدا، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، جانلىق ئالغا سىلجىتتى.

گۈيجوۇ، گۇاڭدۇڭ، خېنەن، جىلىن قاتارلىق جايلار «چوڭ سانلىق مەلۇمات ئىدارىسى» تەسىس قىلدى، بېيجىڭ بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېينىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى تەسىس قىلدى، گۇاڭدۇڭ گۇاڭدۇڭ ـ شياڭگاڭ ـ ئاۋمېن چوڭ قولتۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە ئۇنىڭ ئىشخانىسىنى تەسىس قىلدى، شەندۇڭ دېڭىز ـ ئوكيان تەرەققىيات كومىتېتى ۋە دېڭىز ـ ئوكيان ئىدارىسى تەسىس قىلدى ... بىر تۈركۈم «ئۆزى تاللاش ھەرىكىتى» مەركەز بىلەن يەرلىك ئىككىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئۈنۈملۈك قوزغىدى.

بۇ قېتىمقى ئاپپارات ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈرۈپ، لياۋنىڭ ئۆلكىسى ئاممىۋى پاراۋانلىق خاراكتېرلىك كەسپىي ئورۇنلارنى ئەلالاشتۇرۇش، بىرىكتۈرۈشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، تىجارەت تۈرىدىكى كەسپىي ئورۇنلارنى كارخانا تۈزۈمىگە ئۆزگەرتتى، مەمۇرىي تۈردىكى كەسپىي ئورۇنلاردا مەمۇرىي تارماقلار بىلەن كەسپىي تارماقلارنى ئايرىدى، ئاممىۋى پاراۋانلىق تۈرىدىكى كەسپىي ئورۇنلارنى زور كۆلەمدە بىرلەشتۈردى، ئەلالاشتۇردى، بىرىكتۈردى. دوختۇرخانا، مەكتەپلەردىن باشقا، پۈتۈن ئۆلكە بويىچە 27 مىڭ 514 ئاممىۋى پاراۋانلىق خاراكتېرلىك كەسپىي ئورۇن 2366 گە بىرىكتۈرۈلۈپ، ئىخچاملىنىش كۆلىمى 90%تىن ئاشتى، 400 مىڭدىن ئارتۇق خادىمغا چېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن ئۆلكىدىكى 1174 تىجارەت خاراكتېرلىك كەسپىي ئورۇننىڭ تۈزۈمى ئۆزگەرتىلىپ كارخانا گۇرۇھى قىلىپ تەشكىللىنىپ، ساقلانما مىقدار مۈلۈك بايلىقى جانلاندۇرۇلۇپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى يېتىلدۈرۈلۈپ، بازارنىڭ رىقابەت ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇتۇلدى.

ئاپپارات ئىسلاھاتىنى بىراقلا ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ، بىر ئەجىر بىلەنلا مەڭگۈ راھەت كۆرگىلى بولمايدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ تەنتەنىلىك ھالدا مۇنداق كۆرسەتتى: «پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تەشكىللەپ يولغا قويۇش خىزمىتى ئاخىرلاشتى، لېكىن ئاپپارات فۇنكسىيەسىنى ئەلالاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش مۇلازىمەت ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش خىزمىتى مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ».

«پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئەلالاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنى كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، ئاپپاراتنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تەڭشەش، ئەلالاشتۇرۇش تۈزۈمى، مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، ئاپپارات ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەش كېرەك».

ھازىر، بەزى تارماقلارنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەت چېگراسى، ماس ماسلىشىش مېخانىزمى قاتارلىقلارنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەشتۈرۈش، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، تارماقلارنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى گىرەلىشىپ كېتىش، بىرمۇبىر ئايرىلىشىش قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ يەنە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت. شەھەر، ناھىيە بىر دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ئىسلاھاتى قاتارلىق قىيىن نۇقتىلار گەرچە ھەل قىلىنغان، ۋەزىيەت يارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، كېيىنكى قەدەمدە سىجىل يېڭىلىق يارىتىش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق تەدرىجىي تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىش كېرەك.

«پارتىيەنىڭ 18 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداش ئالدىمىزغا قويۇلغان قاتتىق ۋەزىپە. ھازىر 2020 ـ يىلدىكى مۇھىم ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتتا ھەل قىلغۇچ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە پەقەت بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت قالدى. بىز ۋەزىيەتكە بېقىپ ئىش كۆرۈپ، بارلىق كۈچلەرنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپ، داۋاملىق قاتتىق جەڭ قىلىپ، قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ مۇھىم ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتتا بۆسۈش ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك». باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىسلاھاتنى داۋاملىق ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا قارىتا ئېنىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

غازاڭنىڭ ئورنىنى بىخ ئالار، سۇلار ئۈزۈلمەي ئاقار.

يېڭى مۇساپىدە يېڭى ۋەزىپىلەرنى زىممىگە ئېلىپ، يېڭى ۋەزىيەتتە يېڭى خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش كېرەك. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئىسلاھات يەلكىنىنى داۋاملىق ئېگىز چىقىرىپ، بۆسۈپ ئۆتۈش جاسارىتىنى داۋاملىق ئۇرغۇتۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھاتنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرغاندىلا، چوڭقۇر تاغقا يولۇققاندا يول ئېچىپ، سۇغا يولۇققاندا كۆۋرۈك سېلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تېخىمۇ كەڭ ئىستىقبالىنى تىرىشىپ ياراتقىلى بولىدۇ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ، بىزنىڭ تۈرلۈك ئىسلاھاتنىڭ پۇختا، ئىنچىكە، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشىمىزدا مۇھىم يېتەكچىلىك رولغا ئىگە.

ئاپپارات ئىسلاھاتى قولغا كەلتۈرگەن قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر ئىگىلەشتە، «ئالتىدە چىڭ تۇرۇش»نىڭ ئەمەلىي ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىش كېرەك. بۇ قېتىمقى پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتى قىسمەن، ياماپ تۈزەيدىغان ئىسلاھات بولماستىن، بەلكى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە نىسبەتەن بىر قېتىملىق سىستېمىلىق، ئومۇمىي جەھەتتە قايتا قۇرۇش. پارتىيەنىڭ 19 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى يېپىلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىرتۇتاش پىلانلاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىسلاھاتنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئادەمنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، قاتتىق ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ يۈكسەك ئىدىيەۋى ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈردى. بىز مەركەز ۋە يەرلىكنىڭ ھەر دەرىجىلىك تۈرلۈك ئاپپارات ئىسلاھاتىنى ئومۇمىي جەھەتتە ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك سىستېمىسى، ھۆكۈمەتنىڭ ئىدارە قىلىش سىستېمىسى، قوراللىق كۈچلەر سىستېمىسى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار خىزمىتى سىستېمىسىنى قايتا قۇرۇش خاراكتېرىدە تاكامۇللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك قىلىش كۈچى، ھۆكۈمەتنىڭ ئىجرا قىلىش كۈچى، قوراللىق كۈچلەرنىڭ جەڭگىۋارلىق كۈچى، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ تەشكىللەش ھاياتىي كۈچىنى سىستېمىلىق كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلاشقان پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى فۇنكسىيەلىك سىستېمىسى ئاساسىي گەۋدە رامكىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىدۇق. «ئالتىدە چىڭ تۇرۇش»تىكى قىممەتلىك تەجرىبىلەر ئاپپارات ئىسلاھاتى ئەمەلىيىتىدە ئىزدىنىلگەن ۋە توپلانغان، يەنە ئاپپارات ئىسلاھاتى ئەمەلىيىتىگە كۈچلۈك يېتەكچىلىك قىلغان بولۇپ، ئاپپارات ئىسلاھاتىدا مۇھىم، زور نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئەڭگۈشتەر.

ئاپپارات ئىسلاھاتى قولغا كەلتۈرگەن قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر ئىگىلەشتە، «ئالتىدە چىڭ تۇرۇش»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. مەيلى ئاپپارات ئىسلاھاتى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش بولسۇن، ياكى پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتى ئىسلاھاتىنىڭ يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىشقا تۈرتكە بولۇش بولسۇن، ھەممىسى بىزدىن ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، «ئالتىدە چىڭ تۇرۇش» تەلىپىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇ قېتىمقى ئاپپارات ئىسلاھاتى تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى قايتا قۇرۇشنى تاماملىغان، ئاپپارات فۇنكسىيەسىنى تەڭشەشنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن، ھەقىقىي تۈردە «خىمىيەلىك رېئاكسىيە» ھاسىل قىلىپ، قۇدرەتلىك تۈزۈم ھاياتىي كۈچىنى قويۇپ بېرىپ، ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى كەڭ قوزغاپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

«ئاقىللار ۋاقىت ـ شارائىتقا قاراپ ئۆزگىرىدۇ، دانالار ئىشقا بېقىپ تەدبىر تۈزىدۇ.» يېڭى دەۋردىكى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش مۇساپىسىدە، ئىسلاھات ئىرادىسىنى چىڭىتىپ، ئىسلاھات غەيرىتىنى ئاشۇرۇپ، تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەشكە ماھىر بولۇپ، قانۇنىيەتنى چوڭقۇر ئىگىلىسەكلا، بىز چوقۇم ئاپپارات ئىسلاھاتى نەتىجىسىنى تېخىمۇ ياخشى مۇستەھكەملەپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى يۈكسەكلىككە ئۈزلۈكسىز بەلگە سېلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشنى ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە قىلالايمىز.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)